Subcommittee on International Human Rights of the Standing Committee on Foreign Affairs and International Development

HOUSE OF COMMONS
CHAMBRE DES COMMUNES
CANADA

Sous-comité des droits internationaux de la personne du Comité permanent des affaires étrangères et du développement international

تاشقى ئشلار ۋە خەلقارا تەرەققىيات دائىمى كومىتېتىنىڭ  خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق يان كومىتېتى

دەرھال تارقىتىلسۇن

---

# ئۇقتۇرۇش

---

**خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق يان كومىتېتىنىڭ، خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە قارىتا باياناتى**

**2020-يىلى 21- ئۆكتەبىر**

2018-يىلدىكى خىتاينىڭ شىنجاڭ (شەرقى تۈركىستان) ئۇيغۇر ئاپتونوم رايۇندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنى تەكشۈرۈشتىن كىيىن ئېلان قىلغان دوكلاتىدا، تاشقى ئشلار ۋە خەلقارا تەرەققىيات كومىتېتىنىڭ خەلقارا  كىشىلىك ھوقۇق يان كومىتېتىنى تۆۋەندىكى ئاگاھلاندۇرۇشنى چىقارغان ئىدى:

> "ئەگەر خەلقئارا جامائەت خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئەيىپلىمگەن ئەھۋال ئاستىدا، خىتاينىڭ قىلمىشلىرى باشقا دۆلەتلەرنىڭمۇ ئەگەشىدىغان  بىر ئۈلگىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شىنجاڭغا كىرىپ ۋەزىيەتنى تەكشۈرۈشنىڭ ئىمكانسىزلىقى، ئەركىن مەتبۇئاتلارنىڭ بولماسلىقى ۋە ياكى چەتئەلدىكى  ئۇيغۇرلارنىڭ تېخىمۇ جىمىقتۇرۇلۇش  خەۋپى قاتارلىقلار بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى بەزلەيدىغان بىر باھانا بولۇپ قىلىشقا داۋام قىلىۋېرىدۇ".

2018-يىلى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى تەرىپىدىن 7  گۇۋاھچىنىڭ موھىم  گۇۋاھلىقى بىلەن 5 نۆۋەت داۋام قىلغان ئىسپات بېرىش ئاساسىدىكى پاكىتلارغا بىنائەن، مەزكۇر كومىتېت يەنە 2020-يىلى 20-21 ئيۇل كۈنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى  ھەققىدىكى يېڭى تەرەققىياتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن  جىددى توپلاندى  ۋە 12 سائەت داۋام قىلغان ئككى كۈنلۈك گۇۋاھلىق يىغىنى جەريانىدا، ئاكادېمىكلەرنىڭ ( تەتقىقاتچىلارنىڭ )، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رايۇندىكى  ۋەھشىلىكلىرىدىن  ھايات قالغان  شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئاڭلاپ چىقتى. كومىتېتىمىز شۇنى ئېنىق بىلدۈرىدىكى،  بىزنىڭ ئەيىپلەشلىرىمىز تامامەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋەكىللىك  قىلىۋاتقان خىتاي دۆلىتىگە قارىتىلغان بولۇپ، مەزكۇر كومىتېت تەرىپىدىن سەممىيلىك بىلەن قوللاشقا ئېرىشىپ كەلگەن خىتاي مىللىتىگە قارىتىلمىغان. بىز، خۇددى دۇنيانىڭ باشقا مىللەتلىرى ھوزۇرلىنىۋاتقاندەك كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ خەلقلەرنىڭمۇ تىنچلىقتىن، ئەركىنلىكتىن ۋە بىخەتەرلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولىشىنى ئارزۇلايمىز.

مەزكۇر كومىتېت ئاڭلىغان گۇۋاھلىقلاردىن ئېغىر بىئارام بولدى. كومىتېتىمىز، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنى جازالاش ئۈچۈن ھەر خىل ستراتېگىيەلەرنى يولغا قويۇپ كەلگەنلىكىنى،  بۇ جازالاشلارنىڭ توپ ھالدا تۇتقۇن قىلىش، مەجبۇرى ئەمگەك،كەڭ كۆلەملىك دۆلەت نازارىتى ۋە نوپۇس كونتروللۇقىنى ئۆز ئچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ چىقتى. گۇۋاھچىلار، خىتاي دۆلىتىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ رايۇندىكى ئۇيغۇر مەدىنىيىتىنى قۇرۇتۇشنى نىيەت قىلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق گۇۋاھلىق بېرىپ ئۆتتى. بەزى گۇۋاھچىلار،  خىتاي دۆلىتىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ،  1948-يىلدىكى <u>قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش</u>

ۋە ئۇنى جازالاش ھەققىدىكى جەنۋە ئەھدىنامىسىنىڭ 2-ماددىسىدا كۆرسىتىلگەن مىللى قىرغىنچىلىق ئىنقىلمىسىغا ئۇيغۇن كىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

يان كومىتىت، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنى باستۇرىشىنى كەسكىن ئەيپلەيدۇ. 2018 ۋە 2020- يىللىرىدىكى گۇۋاھلىق ئاڭلاش جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەلىللەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، يان كومىتىت، جەنۋە ئىرقى قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ ئىنقىلمىسى بويىچە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ مىللى قىرغىنچىلىق ئىكەنلىكىگە قايىل بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

**ئا .  توپ ھالەتتە تۇتقۇن قىلىش ۋە غەيرى ئىنسانى مۇئامىلە**

خەلقئارا جامائەتنىڭ تەنقىتلىرىگە قارىماي، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنى، گۇۋاھچىلارنىڭ بايان قىلغىنى بويىچە، جازا لاگىرلىرىدا تۇتۇپ كەلدى. گۇۋاھچىلارنىڭ بىلدۈرىشچە يەنە، يېقىنقى يىللاردا تۇتقۇن قىلىش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، ئەرلەر، ئاياللار، ھەتتا 13 ياشلىق باللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 2 مىليۇنغا يېقىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەر تۇتقۇن ھالەتتە تۇرماقتا. گۇۋاھچىلار بۇ خىل كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشنىڭ يەھۇدى قىرغىنچىلىقىدىن كيىنكى ئەڭ ئىغىر توپلاپ تۇتقۇن قىلىش ئىكەنلىكىنى خاتىرلاتتى.

جازا لاگىرلىرىدىن ھاياتتا قالغانلار ناھايتى ئېچىنىشلىق شارائىتلارنى بايان قىلدى. كومىتىت يەنە گۇۋاھچىلاردىن تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ پىسخولوگىيەلىك، جىسمانى ۋە جىنسى جەھەتتىن ئىغىر خورلۇققا ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلىشى ۋە دىنى ئىتىقادى چەكلەنگەن بولۇپ، ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ۋە مىڭە يۇيۇش ئۈچۈن ئۇلارنى خىتايچە ئۈگۈنۈشكە، خىتاي مەدەنىيتى ۋە ئەنئەنىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ۋە ھەتتا خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ۋە شى جىنپىڭنى مەدھىيلەشكە مەجبۇرلىغان. گۇۋاھچىلار يەنە قائىدە تۈزۈملەرگە بويسۇنماسلىقنىڭ جازاسىنىڭ ئىغىر ۋە شىددەتلىك بولىدىغانلىقىنى، ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ بولسا ھەر ۋاقىت جىنسى ھۇجۇمغا ۋە باشقا شەكىللەردىكى جىنسىيەت ئاساسىدىكى زوراۋانلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

كومىتىت يەنە لاگىرلاردا تۇتۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا تۈركى مۇسۇلمانلارنىڭ ھىچ بىر جىنايى قىلمىشلار بىلەن ئەيىپلەنمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۆتتى. ھىچ بىر قانۇنى ئاساستىكى سوتلىنىش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ھىچ بىر شەكىلدە ھۆكۈمگە مەھكۇم بولمىغان ۋە شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانداق تۇتۇلغانلىقىنى ۋە قاچان قويۇپ بىرىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. گۇۋاھچىلار يەنە بۇ خىل چېكى بولمىغان تۇتۇقلىنىشنىڭ ۋە ئاساسەن قويۇپ بىرىلىش ئېھتىماللىقىنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن كۆپلىگەن تۇتقۇنلارنىڭ نورمال ھاياتقا قايتىشقا بولغان ئۈمىدىنىڭمۇ قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. گۇۋاھچىلار يەنە تۇتقۇنلارنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ تولۇق ئۈزىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭمۇ تامامەن كىسىلىشى ئۇلاردىكى ئۈمىتسىزلىكنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىۋەتكەنلىكىنى بايان قىلدى.

يەنە بىر لاگىر گۇۋاھچىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ، ئورگان تىجارىتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئورگانلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى بىكىتىش مەقسىتىدە تۇتقۇنلارنىڭ رازىلىقىسىز ئۇلاردىن DNA ئۇچۇرلىرى توپلىغانلىقىدىن ئىبارەت كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. يەنە باشقا بىر گۇۋاھچى بولسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا ئورگان بازارلىرىدا قىممەت سېتىلىۋاتقان ئىنسان ئورگانلىرىنى بۇرۇندىنلا فالۇنگوڭ مۇرتلىرىدىن توپلاۋاتقانلىقىنى ئەيتتى. يەنە بىر گۇۋاھچى بولسا كانادا پارلامېنتىنىڭ S-204 نومۇرلۇق قانۇنىنى ماقۇللاش ئارقىلىق ئىنسان ئورگانلىرى تىجارىتىنى جازالاشقا تىگىشلىك جىنايەت دەپ بىكىتىشنى تەلەپ قىلدى. مەزكۇر گۇۋاھچى يەنە بۇ قانۇننىڭ ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسى تەرىپىدىن بىر قانچە قېتىملاپ مۇزاكىرە قىلىنىش بىلەن قوللاشقا ئىرىشكەن بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرقى نۆۋەتلىك پارلامېنتتا تاشلىنىپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

**كانادا ھۆكۈمىتى چوقۇم خەلقئارالىق ھەمكارداشلىرى ۋە كۆپ قاتلاملىق خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بىللە ئىشلەپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ جازا لاگىرلىرىنى قوللۇنۇپ قانۇنسىز ۋە ھەقسىز ھالدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنى تۇتقۇن قىلغانلىقىنى ئەيىپلىشى كىرەك.**

كومىتىت يەنە 2006-يىلىدىن ھازىرغىچە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قانۇنسىز ۋە ھەقسىز ھالدا تۇتقۇن قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر ئەسلىدىن بولغان كانادا پۇقراسى ھۇسەيىن جىلىل ھەققىدە گۇۋاھلىقنى ئاڭلاپ ئۆتتى. **كانادا ھۆكۈمىتى چوقۇم، ھۇسەيىن جىلىلنىڭ قويۇپ بىرىلىشىگە مەخسۇس مەسئۇل بولىدىغان ئالاھىدە خادىم بەلگىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا قولىدا بار بولغان بارلىق ئىمكانلاردىن پايدىلىنىپ ھۇسەيىن جىلىلنىڭ بىخەتەر ھالدا قويۇپ بىرىلىشى ئۈچۈن پۈتۈن چارىلەرنى ئىزلىشى كىرەك.**

**ب. مەجبۇرى ئەمگەك**

گۇۋاھچىلار يەنە 2018-يىلىدىن باشلاپ، ئاتالمىش نامراتلىقنى ئازايتىش باھانىسى بىلەن تۇتقۇنلارنىڭ جازا لاگېرلىرىدىن شىنجاڭ ۋە خىتاينىڭ باشقا جايلىرىغا مەجبۇرى ئەمگەك ئۈچۈن يۆتكەلگەنلىكىنى خاتىرلاتتى. گۇۋاھچىلار بۇ مەجبۇرى ئەمگەكنىڭ كۆپلىگەن غەرپ دۆلەتلىرىدىكى خەلقئارالىق چوڭ شىركەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەمىنلەش زەنجىرى ئارقىلىق كانادا ۋە باشقا غەرپ دۆلەتلىرىدە سېتىلىۋاتقان كۆپلىگەن تاۋارلار بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇردى. يېقىندا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى چوڭ شىركەتلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش يوللاپ ، ئۇلارنىڭ مەھسۇلات ۋە مەھسۇلات زەنجىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقە تۈركى مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرى ئەمگىكى بىلەن چېتىشلىق بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئەسكەرتتى.
**كانادا ھۆكۈمىتىمۇ، خۇددى ئامېرىكىدا بولغاندەك، كانادانىڭ  چوڭ شىركەتلىرىگە ئاگاھلاندۇرۇش يوللاپ، ئۇلارنىڭ مەھسۇلات ۋە مەھسۇلات زەنجىرىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرى ئەمگىكى بىلەن چېتىشلىك بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئۇچۇق ئۇقتۇرۇشى كېرەك. كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ يەنە كاناداغا كىرگەن ۋە  مەسىلە بولىشى ئېھتىماللىقىدىكى  ئىستىمال بويۇملىرىنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتە قىلىشى،  بولۇپمۇ مەجبۇرى ئەمگەككە چېتىشلىق كانادا شىركەتلىرىگە قارىتا كۈچلۈك پوزىتسىيە تۇتىشى ناھايتى موھىم.**

بەزى گۇۋاھچىلار يەنە، مەھسۇلاتى ۋە مەھسۇلات زەنجىرى شىنجاڭغا چېتىشلىق شىركەتلەرگە، كاناداغا ئەكىرمەكچى بولغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھېچبىر شەكىلدە مەجبۇرى ئەمگەك ياكى قۇللۇق بىلەن چېتىشلىقى يوقلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىشنى ئالدىنقى شەرت قوشۇشنى قوللىدى.  **شۇ سەۋەپتىن كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ  مەجبۇرى ئەمگەك ياكى قۇل ئىشچىلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ  كاناداغا كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مۇۋاپىق كونترول مېخانىزىمىنىڭ يولغا قويىشى ناھايتى موھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.**

**كانادا ھۆكۈمىتى مەجبۇرى ئەمگەكتىن نەپ ئېلىۋاتقان شىركەت ۋە ئورۇنلارغا قارىتا جازالاش تەدبىرلىرى يولغا قويىشى كېرەك. تېخىمۇ موھىم بولغىنى شۇكى، ھۆكۈمەتلەر ۋە چوڭ شىركەتلەر ئارىسىدىكى چېرىكلىشىش رىئاللىقى دۇنيادىكى مەجبۇرى ئەمگەكنىڭ داۋاملىشىشىدا موھىم رول ئويناۋاتىدۇ. شۇڭا  كانادا ھەر خىل شەكىلدىكى چېرىكلىشىشنى ئەيىپلىشى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتا قاتتىق تەدبىر ئېلىشى كېرەك.**

**كانادا ھۆكۈمىتى يەنە، مۇستەققىل ھالدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالايدىغان تولۇق ھوقۇقلۇق تەپتىش تەيىنلىشى ۋە بۇ تەپتىشنىڭ يۈز بېرىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئېنىقلىشىغا تولۇق ھوقۇق بېرىشى، چوڭ خەلقارالىق شىركەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا خاراكتېرلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان تىجارى پائالىيەتلىرىدە ۋە ئىشلىتىۋاتقان تەمىنلەش زەنجىرىدە تولۇق ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلىك ھوقۇق ھۇشيارلىق قانۇنى چىقىرىشى ، ھەمدە شۇ تىجارى پائالىيەتلىرى جەريانىدا سەۋەپ بولغان زىيانلىرى ئۈچۈن بۇ شىركەتلەرنىڭ ھېساپقا تارتىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.**

**كانادا ھۆكۈمىتى، سېتىۋېلىنىۋاتقان تاۋارلىرىنىڭ مەجبۇرى ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەنمىگەنلىكىنى بىكىتىش ئۈچۈن كۆزدىن كەچۈرۈش مېخانىزىمى ئورنىتىشى كېرەك. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يەنە فېدىرال ھۆكۈمەتنىڭ تاۋار سېتىۋېلىش جەريانلىرىنىڭ ئوچۇق ئاشكارا بولۇشىنى ۋە جاۋاپكار بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان مەخسۇس قانۇن چىقىرىپ، سېتىۋېلىنىۋاتقان مەھسۇلاتنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئىشلەپچىقىرىلىش جەريانى ھەققىدە پارلامېنتقا دوكلات بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.**

**س. كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش**

كومىتېتتا گۇۋاھلىق بەرگەن گۇۋاھچىلار بىردەك خىتاينىڭ ئۇيغۇر رايونىنى ساقچى دۆلىتىگە ئايلاندۇرغانلىقىنى، نازارەت قىلىش ۋە تەقىپلەشنىڭ،  ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا تۈركى مىللەتلەرنى ھەر جەھەتتىن  باستۇرۇشتىكى خىتاي دۆلىتىنىڭ ئاساسلىق قورالىغا ئايلانغانلىقىنى ئىپادىلىدى. كومىتېت يەنە شىنجاڭنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ پۇشقاقلىرىنىڭ تەقىپ ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى.
گۇۋاھچىلار يەنە قول تېلېفونلارنىڭ قاتتىق تەكشۈرىلىۋاتقانلىقىنى،  يىپىق- يول تېلېۋىزىيەسى، ۋُئى ئەقىل تەخنىكىسى، يۈز تونۇش تەخنىكىسى، بىومېترىك ئۇچۇرلار قاتارلىق ىبخەتەرلىك تەخنىكىلىرىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر بىر ئىش ھەرىكىتى ياكى ئۇچۇر ئالاقىلىرىنى تەقىپ قىلىشتا قوللىنىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى.

كومىتېت يەنە خىتاينىڭ بۇ تەدبىرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدىنى ۋە دىنى تۇرمۇشىغا ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدىن خەۋەردار بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل  مەدىنى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش، بولۇپمۇ ئاممىۋى مەيدانلاردا بۇ

خىل پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلىش ئىمكانى قالمىغان. گۇۋاھچىلار يەنە خىتاي دۆلىتىنىڭ بۇ سىياسەتلىرىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ۋە مەدىنى كىملىكىنى يوق قىلىشتىكى مەقسەتلىك ئۇرۇنۇشى دەپ قارىدى.

بۇ تەخنىكىلارنىڭ كۆپلىرى خىتايدا ئىشلەنگەن تەقدىردىمۇ، بەزى گۇۋاھچىلار، كانادا ۋە كانادا شىركەتلىرىنىڭ خىتايدىكى بۇ تەخنىكا شىركەتلىرىگە مەبلەغ سالغان ياكى بۇ شىركەتلەردىن مەنپەئەتكە ئېرىشكەن ئەھۋال بولۇشى مۇمكىنلىكىنى خاتىرلاتتى. **كانادا ھۆكۈمىتى چوقۇم زورۇر تەدبىرلەرنى ئېلىش ۋە كۆزىتىش ئارقىلىق، كانادا پۇقرالىرىنىڭ، شىركەتلىرىنىڭ ۋە ئاممۋى قۇرۇلۇشلارنىڭ، خىتاينىڭ ئەڭ ئاساسلىق كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئارىلاشقان ۋە ياردەم قىلغان شىركەتلەرگە مەبلەغ سېلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.**

گۇۋاھچىلار يەنە، خىتاي دۆلىتىنىڭ نازارەت قىلىش تەخنىكىلىرىنى چېگرا ئاتلاپ قوللىنىش ئارقىلىق چەتئەلدە ياشاۋاتقان خىتايغا قارشى ئۆكتىچىلەرنى نازارەت قىلىۋاتقانلىقىدىن ئاگاھلاندۇردى. ھەتتا كانادادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر ھەر ۋاقىت بوزەك قىلىنىشقا تەھدىتكە ئۇچراۋاتماقتا. ھەتتا خىتاي دۆلىتى ھەددىدىن ئېشىپ بەزى ئەھۋاللاردا كانادالىق ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتلىرىدا ياشاۋاتقان ئائىلە ئەزالىرىنى تەھدىت قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ كانادادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى قوغدىشى ناھايىتى موھىم. **كومىتېت ماقۇللايدۇكى، كانادا ھۆكۈمىتى كانادادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنى، ئۇيغۇر سىياسى ئاكتىپلىرىنى قوغداش ھەققىدە ئاكتىپ تەدبىر ئېلىشى ۋە كىشىلىك ئەركىنلىكىنى باستۇرىدىغان ھەر قانداق قىلمىشقا نىسبەتەن كەسكىن ئىنكاس قايتۇرىشى كېرەك.**

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، كومىتېت شۇنى خاتىرلىتىپ ئۆتىدۇكى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ۋە ئائىلىلىرى بېشىدىن ئۆتۈزىۋاتقان ۋەھشىلىكلەرنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆلچىگۈسىز پىداكارلىقلار بىلەن بەدەل تۆلەۋاتىدۇ. خىتايدىن قېچىپ چىقالىغان بەزى ئۇيغۇرلار بولسا ھازىر دۆلەت تەۋەلىكىسىز ھالدا ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك پاناھلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمىغان ھالەتتە ياشاۋاتماقتا. **كانادا چوقۇم ھازىرقى مەۋجۇت پاناھلانغۇچىلار پروگراممىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە پاناھلانغۇچىلار يولى يارىتىشى، شىنجاڭدىن ۋە باشقا جايلاردىن جازالىنىشتىن قورقۇپ قېچىپ چىققان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ ۋە كىشىلىك ھوقۇق ھىمايىچىلىرىنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىنى تېزلەشتۈرىشى كېرەك.**

**د. نوپۇس چەكلەش**

كومىتېت يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى چەكلەش ئۈچۈن ئاياللارغا ۋە قىزلارغا قارىتا ئىنسان تەبىئىتىگە زىت كېلىدىغان تەدبىرلەرنى يولغا قويۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ چۆچىدى. بۇ تەدبىرلەرنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

- پەقەت ئاپېراتسىيە ئارقىلىقلا چىقىرىۋېتىشكە بولىدىغان ئاياللارنىڭ بالىياتقۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۇغۇت چەكلەش ئەسۋاپلىرىنى ( IUD ) مەجبۇرلاش . خىتاينىڭ ھۆكۈمەت دوكلاتلىرىدا، گەرچە ئۇيغۇرلار خىتايدىكى ئومۇمى نوپۇسىنىڭ پەقەت 2% نى تەشكىل قىلغان بولسىمۇ خىتايدىكى ئاياللارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان IUD نىڭ 80% تى پەقەتلا شىنجاڭدىلا ئىجرا قىلىنغان.
- مەجبۇرى تۇغمەس قىلىش ۋە مەجبۇرى بالا ئالدۇرغۇزۇش
- ئاياللارنىڭ نورمال ئادەتلىرىنى توختىتىدىغان بىلىنمىگەن ئوكۇللارنى مەجبۇرى ئۇرغۇزۇش.

بەزى گۇۋاھچىلار، خىتاينىڭ بۇ قەستەن ئېلىپ بارغان قىلمىشىنىڭ رايۇندىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنى ئازايتىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى تەكىتلىدى. ھۆكۈمەتنىڭ رەسمى دوكلاتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە 2019 -يىلى شىنجاڭدىكى رەسمى ئورگانلار جەنۇبى شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەتتىكى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ 80% نگە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۈنۈمى بولىدىغان IUD ، بالا ياتقۇنى بوغۇۋېتىش قاتارلىق تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشنى بىكىتكەن.

كومىتېتىمىز بۇ خىلدىكى غەيرى ئىنسانى ۋاستىلارنىڭ قوللىنىلىشىدىن ۋە ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىرىدىن ئېغىر بىئاراملىق ھېس قىلماقتا. گۇۋاھچىلارنىڭ كومىتېتىمىزغا بەرگەن گۇۋاھلىقىدا، 2015-2019 يىللىرى ئارىسىدا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 84% تۆۋەنلىگەن بولۇپ، ئالدىمىزدىكى يىللاردا بۇ تۆۋەنلەش تېخىمۇ ئېغىرلاشماقچى ئىكەن. گۇۋاھچىلار يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىل قىلمىشلىرىنىڭ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى مىللەتلەرنى باستۇرۇش ھەتتا ئۇلارنى يوق قىلىشتىن ئىبارەت سىستېمىلىق تېرىشچانلىقىنىڭ تەركىۋى دەپ چۈشەندۈردى. ئۇلار يەنە جەنۇۋە مىللى قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ قىرغىنچىلىق ئېنىقلىمىسىنىڭ 2-قىسىم ( d ) ماددىسىدا كۆرسىتىلگەن بويىچە، بۇ خىل نوپۇس چەكلەش تەدبىرلىرىنىڭ، " مەلۇم بىر گۇرۇپپىنىڭ تۇغۇلۇشىنى چەكلەش، تولۇق ياكى قىسمەن ھالدا مەلۇم مىللى،

ئەتنىك، ئېرقىي ياكى دىنى گرۇپپىغا تەۋە كىشىلەرنى ۋەيران قىلىش ياكى ئۇلارنى تامامەن يوقۇتۇش" قىلمىشىغا ئۇيغۇن كىلىدىغانلىقىنى شەرھىيلەپ ئۆتتى.

**ئى . باستۇرۇش ئارقىلىق كونترول قىلىش**

كومىتېتىمىز يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى مىللەتلەرنى باستۇرۇش تەدبىرلىرىنىڭ، بايلىققا تولغان ۋە كۆپ مىقتاردىكى نىفىت زاپىسىغا ئىگە بۇ رايۇننى كونترول قىلىشتىكى چوڭ ستراتېگىيەسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار قىلىندى. بۇ رايۇن يەنە خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلۋاغ ستراتېگىيەسى ئۈچۈن موھىم بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن چېگراداش بولۇپ، شۇ سەۋەپتىن كەڭ كۆلەمچىلىكنى مەقسەت قىلغان ستراتېگىيەسىنىڭ باشلىنىش نوقتىسى. چۈنكى بەزى ئۇيغۇرلار خىتايدىن تېخىمۇ كۆپ ئاپتونومىيە ۋە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىۋاتىدۇ ۋە شۇ سەۋەپتىن خىتاي ھۆكۈمىتى بۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىيات ۋە باياشاتلىقى ئۈچۈن تەھدىت دەپ قارايدۇ. شۇ باھانا بىلەن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنى بۇ رايۇندىن تامامەن يوق قىلىشنى مەۋجۇت مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى دەپ قارىغانلىقىدىن كومىتېتىمىز خەۋەردار بولدى

شۇ سەۋەپلىك كومىتېتىمىزدا گۇۋاھلىق بەرگەن كۆپلىگەن مۇتەخەسسىس گۇۋاھچىلار، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سادىر قىلغان قىلمىشلىرىنىڭ مىللى قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى ئىشلەنگەن جىنايەت ئىكەنلىكىدە قەتئى مەيداندا تۇردى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەلىللەر ئاساسىدا، كومىتېتىمىز شۇنى خاتىرلىتىدۇ كى، كانادا ھۆكۈمىتى يالغۇزلا مىللى قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى جازالاش جاۋاپكارلىقىغىلا ئىگە بولۇپ قالماستىن بەلكى يۈز بېرىۋاتقان مىللى قىرغىنچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىمۇ جاۋاپكارلىققا ئىگە. كومىتېتىمىز، جانابى ئىرۋىن كوتلىر ( Irwin Cotler )ئەپەندىنىڭ تۆۋەندىكى يەكۈنىگە قوشىلىدۇ.

> " بىزنىڭ بۇ يەردە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويغانلىرىمىز ئەملىيەتتە، ئۇرۇش جىنايىتى، ئىنسانىيەتكە قارشى ئىشلەنگەن جىنايەت ۋە مەن ۋە باشقا گۇۋاھچىلار تەكرارلاپ ئۆتكىنىدەك، مىللى قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ئەسلى ئامىللىرىنى بىر يەرگە جەم قىلغان تىپىك بىر ئۆلگىلىك مىسالدىن ئىبارەت. يۇقارقىلار بىزنىڭ، قوغداش مەسئۇلىيەتچىلىكى پرىنسىپى ( responsibility to protection doctrine ) نىڭ جاۋاپكارلىقىدا ھەركەت قىلىشىمىزنىڭ ۋە ئارلىشىشىمىزنىڭ كاپالىتى بولۇپ، مۇشۇ ئاساستا مەزكۇر كومىتېتقا، مېنىڭ شەخسىم نامىدىن بېرىلگەن گۇۋاھلىقتا ۋە باشقىلار نامىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان گۇۋاھلىقتا ئوتتۇرىغا چۈشكەن بىر يۈرۈش قۇتقۇزۇش چارىلىرىنى ئىجرا قىلىش بولسا دەل بىز ئىمزادار بولغان جەنۋە مىللى قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ قوغداش مەسئۇلىيەتچانلىقى پرىنسىپىغا تايىنىدۇ."

**شۇ سەۋەپتىن كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ،**

- **خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى مۇسۇلمانلارغا قارشى سادىر قىلغان قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىشى،**
- **خەلقئارالىق ھەمكارلاشقۇچىلار ۋە خەلقئارالىق ئورگانلار بىلەن تەڭ ئىشلەپ، شىنجاڭغا خەلقئارالىق كۆزەتكۈچىلەرنىڭ چەكلىمىسىز كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىنى قولغا كەلتۈرىشى،**
- **شىنجاڭدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قىلمىشلىرىنى مىللى قىرغىنچىلىق دەپ قوبۇل قىلىشى ۋە خەلقئارالىق ئورگانلارنىڭ قانۇنى رامكىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان قىلمىشلارنىڭ قىرغىنچىلىق ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدۇرۇشى**
- **<u>چېرىكلەشكەن چەتئەل ئەمەلدارلىرىنىڭ قۇربانلىرىنى قوغداش قانۇنى</u>( ماگنىتسكى جانۇنى) بويىچە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ پاجىئالىرىدە مەسئۇلىيەتچانلىقى بولغان خىتاي ئەمەلدارلىرىنى جازالىشى ئىنتايىن موھىمدۇر.**

**خۇلاسە**

كانادا، ئۆزى قۇرۇلىشىغا يەردەم قىلغان ۋى تەرەپدار بولغان خەلقئارا قانۇنلار بويىچە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنى قوغداش مەسئۇلىيتىگە ئىگە قوغداش مەسئۇلىيەتچانلىقىنىڭ ئاساسلىق غايىسى دەل خەلقارا جەمىيەتنىڭ، توپىيكۈن پاجىئەلەرنىڭ، مىللى قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ، ئۇرۇش جىنايىتىنىڭ، مىللى قۇرۇتۇشنىڭ ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى ئىشلەنگەن جىنايەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىش پرىنسىپىدۇر. كومىتېتىمىز شۇنى خاتىرلىتىدۇ كى، قوغداشنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇپ، جازالاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كومىتېتىمىز، گۇۋاھچىلارنىڭ ئەندىشىلىرىگە ئورتاقلاشقان ھالدا، كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ دەرھال تەدبىر قوللىنىشىنى ۋە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا قوبۇل قىلغان قىممەت قاراشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. كانادا ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىغا دەرھال ئىنكاس قايتۇرىشى كېرەك. نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى لاۋرىياتى ئەلىيە ۋايزەل (Ellie Weisel) دىگىنىدەك: رەزىللىك ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرۇش، رەزىللىككە ئورتاق بولۇشتىن ئىبارەت.

يان كومىتېت ، قېيىن مەزگىللەردە ۋاقىت چىقىرىپ گۇۋاھلىق بەرگەن گۇۋاھچىلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ ۋە شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېغىر خەۋپكە دۇچار بولۇشىغا قارىماي قەيسەرلىك بىلەن گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن مەيدانغا چىققان گۇۋاھچىلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. كومىتېتىمىز ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا بۇ گۇۋاھلىقلار ئاساسىدا دوكلات تەييارلاپ زۆرۈر بولغان تەۋسىيەلەر بىلەن كانادا ھۆكۈمىتىگە سۇنىدۇ.

تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر ئۈچۈن ئالاقىلىشىڭ:

ئەرىكا پەرېيرا (Erica Pereira) تاشقى ئىشلار ۋە خەلقئارا تەرەققىيات دائىمى كومىتېتىنىڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق يان كومىتېتى خادىمى
تېلېفون:613-992-9672
ئېلخەت: SDIR@parl.gc.ca